رايون ـ بۆلەك زەنجىرىنى يادرولۇق تېخنىكىدا ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىشتىكى مۇھىم بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، رايون ـ بۆلەك زەنجىرى تېخنىكىسى ۋە كەسپىدە يېڭىلىق يارىتىش، راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

رايون ـ بۆلەك زەنجىرى ۋە سۇنئىي ئەقلىي ئىقتىدار، چوڭ سانلىق مەلۇمات، نەرسە تورى قاتارلىق ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى تېزلەتىپ، توپلاشتۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىش ۋە يۇغۇرۇپ ئەمەلىي قوللىنىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش سىستېمىسى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى يۇقىرى قاتلاملىق ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش سۇپىسى بەرپا قىلىپ، بىر تۈركۈم باشلامچى شەخسلەر ۋە يۇقىرى سەۋىيەلىك يېڭىلىق يارىتىش كوللېكتىپىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: رايون ـ بۆلەك زەنجىرى تېخنىكىسىنى يۇغۇرۇش، ئىقتىدارنى كېڭەيتىش، كەسپلەرنى ئىنچىكە ئايرىش پۇرسىتىنى تۇتۇپ، رايون ـ بۆلەك زەنجىرىنىڭ سانلىق مەلۇماتتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، كەسىپ تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇش، تىجارەت تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش، ماسلىشىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، ئىشەنچلىك سىستېما قۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. رايون ـ بۆلەك زەنجىرى ۋە ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ قەرز ئېلىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى قىيىن بولۇش، بانكىلارنىڭ خەۋپ ـ خەتەرنى كونترول قىلىشى قىيىن بولۇش، تارماقلارنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشى قىيىن بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك. رايون ـ بۆلەك زەنجىرى تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ رەقەملىك ئىقتىساد ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، قولايلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئادىل رىقابەتلىشىدىغان، مۇقىم، ئاشكارا تىجارەت ـ سودا مۇھىتى بەرپا قىلىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلەش، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىش، ھەرقايسى كەسپلەرنىڭ تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنى ئۈنۈملۈك ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش، يېڭى ـ كونا ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنىڭ سىجىل ئالمىشىشىنى تېزلىتىش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك. «رايون ـ بۆلەك زەنجىرى +»نى خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدە ئەمەلىي قوللىنىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، رايون ـ بۆلەك زەنجىرى تېخنىكىسىنىڭ مائارىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، كۈتۈنۈش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش، داۋالاش ـ ساغلاملىق، تاۋار ساختىلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى، ئاممىۋى مەنپەئەت، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش قاتارلىق ساھەلەردە ئەمەلىي قوللىنىلىشىغا پائال تۈرتكە بولۇپ، خەلق ئاممىسىنى تېخىمۇ ئەقلىي ئىقتىدارلىق، تېخىمۇ قولايلىق، تېخىمۇ سۈپەتلىك جامائەت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك. رايون ـ بۆلەك زەنجىرى تۆۋەن قاتلام تېخنىكا مۇلازىمىتى ۋە يېڭى تىپتىكى ئەقلىي ئىقتىدارلىق شەھەر قۇرۇلۇشىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئۇچۇر ئۇل ئەسلىھەلىرى، ئەقلىي ئىقتىدارلىق قاتناش، ئېنېرگىيە ـ ئېلېكتر كۈچى قاتارلىق ساھەلەردە كېڭەيتىپ، ئەمەلىي قوللىنىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، شەھەر باشقۇرۇشىنى ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش، دەل جايىدىلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. رايون ـ بۆلەك زەنجىرى تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ شەھەرلەر ئارا ئۇچۇر، مەبلەغ، ئىختىساسلىقلار، ئىناۋەت قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرش مۇھىم ئامىللىرىنىڭ رايون ئىچىدە تەرتىپلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يۆتكىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. رايون ـ بۆلەك زەنجىرى سانلىق مەلۇماتىدىن ھەمبەھرلىنىش ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرى سانلىق مەلۇماتلىرىنى تارماق ھالقىپ، رايون ھالقىپ ئورتاق قوغداش ۋە پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كەسپلەرنى ھەمكارلىشىپ بىجىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىغا تېخىمۇ ياخشى ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: رايون ـ بۆلەك زەنجىرى تېخنىكىسىغا بولغان يېتەكچىلىك ۋە قېلىپلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، رايون ـ بۆلەك زەنجىرىنىڭ بىخەتەرلىكى، خەۋپ ـ خەتىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە تەھلىل قىلىشنى كۈچەيتىپ، تەرەققىيات ھەرىكەت ھالىتىگە يېقىندىن ئەگىشىپ، تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىش كېرەك. رايون ـ بۆلەك زەنجىرى تېخنىكىسى مېخانىزمىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىخەتەرلىك كاپالەتلىك سىستېمىسى ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، رايون ـ بۆلەك زەنجىرىنى ئاچقۇچىلار، سۇپا تىجارىتى قىلغۇچىلارنى ساھە تەلەپچانلىقىنى كۈچەيتىش، بىخەتەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يېتەكلەش ۋە تۈرتكە بولۇش كېرەك. قانۇن بويىچە تور ئىدارە قىلىشنى رايون ـ بۆلەك زەنجىرىنى باشقۇرۇشتا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، رايون ـ بۆلەك زەنجىرىنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: ئالاقىدار تارماقلار ھەم مەسئۇل رەھبىرىي يولداشلار رايون ـ بۆلەك زەنجىرى تېخنىكىسى تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە يۈزلىنىشىگە دىققەت قىلىپ، رايون ـ بۆلەك زەنجىرى تېخنىكىسىدىن ئەمەلىي پايدىلىنىش، باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، رايون ـ بۆلەك زەنجىرى تېخنىكىسىنىڭ تور كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇش، رەقەملىك ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا كۈچ قوشۇش قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ زور رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھەققىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، سىستېمىسى مۇكەممەل، ئىلمىي، قېلىپلاشقان، يۈرۈشۈشى ئۈنۈملۈك بولغان تۈزۈم سىستېمىسىنى پائال بەرپا قىلىپ، سىستېمىلىق ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، ئۇنىۋېرسال ئىدارە قىلىش، مەنبەدىن ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئاڭلىق ھالدا تۈزۈمگە ھۆرمەت قىلىپ، تۈزۈمنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، تۈزۈمنى قەتئىي قوغداپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، ھەققىي تۈردە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پەن ـ تېخنىكا خاس ۋەكىللى تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى توغرىسىدا بەرگەن مۇھىم يوليورۇقىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا خاس ۋەكىللى تۈزۈمىنى پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىختىساسلىقلىرىنىڭ يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە مۇلازىمەت قىلىشتىكى مۇھىم خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا ـ كەنتلەرنى ئومۇميۈزلۈك گۈللەندۈرۈشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. كۈچنى نۇقتىلىق خىزمەتلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار»غا مۇلازىمەت قىلىشنى مەۋقە ۋە مەقسەت قىلىش، پەن ـ تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنى ئاساسىي گەۋدە، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى تۇتقۇن قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەققىي تۈردە پەن ـ تېخنىكا خاس ۋەكىللىرىنىڭ يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشتىكى جەڭگىۋار قوشۇنلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. تۈزۈلمە مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تاللاپ ئەۋەتىش ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، سۈپا قۇرۇلۇشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، سىياسەت ئارقىلىق رىغبەتلەندۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈزۈم سىستېمىسى ۋە سىياسەت مۇھىتى قۇرۇلۇشىنى تىرىشىپ كۈچەيتىپ، پەن ـ تېخنىكا خاس ۋەكىللى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر يولغا قويۇش كېرەك. قوشۇننى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، زورايتىپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، كاپالەت تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنى ئەڭ ئېھتىياجلىق يېزىلارغا ۋە ئاساسىي قاتلامغا بېرىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنى پارتىيەنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىدىغان ئەترەتكە، يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىنى تارقاتقۇچىلارغا، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەشنىڭ سەركىلىرىگە، يېزا ـ كەنتلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىشنىڭ باشلامچىلىرىغا تىرىشىپ ئايلاندۇرۇش كېرەك.

يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسى يېڭى دەۋردە بىرلىك سەپ بولۇشى كېرەكمۇ ياكى بولماسلىقى كېرەكمۇ، قانداق بىرلىك سەپ بولۇشى كېرەك، بىرلىك سەپنى قانداق قۇرۇش كېرەك قاتارلىق مۇھىم، زور مەسىلىلەرگە چوڭقۇر جاۋاب بەردى، ئۇ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى ھەرىكەت كۆرسەتمىسى ۋە تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆگىنىش داۋامىدا پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆزلەشتۈرۈپ، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدۇرۇش كېرەك. نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە باغلاشتا چىڭ تۇرۇپ، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، بىرلىك سەپ خىزمىتى سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ھەققىي تۈردە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ بايلىق كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۇن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، تيەن ۋېن، جى جېڭ، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن تىنچلىق، تەرەققىيات، ھەمكارلىق، ئورتاق پايدا ئېلىشتەك دەۋر ئېقىمى ئۆزگەرمىدى، جۇڭگو، بىرازىلىيە قاتارلىق يېڭى گۈللىنىۋاتقان بازار دۆلەتلىرىنىڭ پۈتۈن گەۋدە بويىچە قەد كۆتۈرۈش ۋەزىيىتى ئۆزگەرمىدى، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يۈكسەكلىك ۋە يىراق كەلگۈسى نۇقتىدىن جۇڭگو ـ بىرازىلىيە مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتى ئۆزگەرمىدى. ھازىر، جۇڭگو بىلەن بىرازىلىيە ھەر ئىككىلىسى دۆلەت تەرەققىياتىنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، بىز ئۆتمۈشنى يەكۈنلەپ، كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ، جۇڭگو ـ بىرازىلىيە ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئېچىپ، دۇنيا ۋە رايوننىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقى ۋە گۈللىنىشىنى قوغداش ئۈچۈن ئاكتىپ كۈچ قوشۇشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىككى تەرەپ توغرا يۆنىلىشنى ئىگىلىشى كېرەك. ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنى تەرەققىيات پۇرسىتى قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى، قارشى تەرەپ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۆز دۆلىتىنىڭ دىپلوماتىيەسىدە ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇشى، جۇڭگو ـ بىرازىلىيە ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇشى كېرەك. يۇقىرى قاتلام ئالاقىسىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزئارا يادرولۇق مەنپەئەتنى چۈشىنىپ ھەم قوللاپ، سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزئارا ئىشەنچىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سەمىمىي دوستلاشقان ياخشى دوستلاردىن، ئۆزئارا قوللايدىغان ياخشى ھەمراھلاردىن بولۇشى كېرەك.

ئەمەلىيەتچىل بولۇپ پۇقرالارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو بازىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىرازىلىيەنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە يۇقىرى قوشۇلما قىممەتكە ئىگە مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك، ئېنېرگىيە، كانچىلىق كەسىپى، ئاۋىياتسىيە، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھەمكارلىقنى كېڭەيتىشنى خالايدۇ.

ھەمكارلىقنىڭ يېڭى ئېگىزلىكىنى يارىتىش كېرەك. پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە رەقەملىك ئىقتىسادنى جۇڭگو ـ بىرازىلىيە ھەمكارلىقىنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى قىلىش كېرەك.

ئەل رىشتىنى تۇتاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئادەمىيەت قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، بىرازىلىيەنىڭ پۇتبولى، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك قاتارلىق ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزگىچە ساھەلىرىدىكى ئالماشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ يەرلىك ئالاقىسىنى قوللاش كېرەك.

ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىككى تەرەپ بىرلىكتە كۆپ تەرەپچىللىكنى قوغداپ، قورۇقچىلىققا، يەككە تەرەپچىللىككە قارشى تۇرۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تەڭپۇڭ، سىغدۇرۇشچان، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلقئارا تەرتىپنىڭ تېخىمۇ ئادىل، مۇۋاپىق يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ بىرازىلىيە تەرەپنىڭ بۇ يىلقى كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى ئۇچرىشىشىنى ياخشى ئۆتكۈزۈشىنى قوللايدۇ.

بولسونارو جۇڭگوغا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى يەنە بىر قېتىم تەبرىكلىدى. بولسونارو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگونىڭ غايەت زور تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى كىشىنى قايىل قىلىدۇ. جۇڭگو بىرازىلىيەنىڭ ئۇلۇغ ھەمكارلىق ھەمراھى. گەرچە بىرازىلىيە ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ ئارىلىقى يىراق بولسىمۇ، لېكىن ئىدىيەلىرى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بىرازىلىيە جۇڭگونىڭ چوڭ دۆلەتلىك ئورنىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، جۇڭگوغا قاراتقان مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بىرازىلىيە دىپلوماتىيەسىدىكى ئالدىنقى يۆنىلىش قىلىدۇ. جۇڭگو بىرازىلىيەنىڭ ئەڭ چوڭ سودا ھەمراھىغا ئايلاندى. مېنىڭ زىيارىتىم بىرازىلىيە ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ دوستانە، يېقىن ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك ئىسپاتلىدى، بىز ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ پارلاق مەزگىلگە گۇۋاھ بولدۇق. مەن سىز بىلەن ئورتاق تىرىشىپ، بىرازىلىيە ـ جۇڭگو ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى، بىرازىلىيە ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىدە سۈپەت ۋە سانىنى ئۆستۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، ئورتاق تەرەققىياتنى قول تۇتۇشۇپ ئىشقا ئاشۇرۇشنى، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشنى خالايمەن. ئىككى تەرەپنىڭ سودا ۋە سېلىنمىنى كېڭەيتىپ، پەن ـ تېخنىكا، ئالەم قاتنىشى، تەنتەربىيە قاتارلىق مۇھىم ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. بىرازىلىيە بازىرىنى ئېچىۋېتىپ، جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ بىرازىلىيەنىڭ ئۇل ئەسلىھە ۋە نېفىت ـ گاز ساھەسىدىكى سېلىنما ھەمكارلىقىغا پائال قاتنىشىشىنى قارشى ئالىدۇ، تېخىمۇ كۆپ جۇڭگولۇق ساياھەتچىنىڭ بىرازىلىيەگە بېرىپ ساياھەت قىلىشىنى قارشى ئالىدۇ ھەم ۋىزا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. جۇڭگو تەرەپنىڭ خەلقئارا سورۇنلاردا بىرازىلىيە قاتارلىق تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئۈچۈن ھەققانىي سۆز قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن. بىرازىلىيە تەرەپ بىر جۇڭگو سىياسىتىگە قەتئىي ئەمەل قىلىدۇ ھەم جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە كۆپ تەرەپچىللىك ۋە ئەركىن سودىنى قوغداپ، مۇھىم، زور خەلقئارا ۋە رايون مەسىلىلىرىدە پىكىر ئالماشتۇرۇش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو تەرەپ ئىزچىل لاتىن ئامېرىكا خەلقىنىڭ تەرەققىيات يولىنى ئۆز ئالدىغا تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىپ، لاتىن ئامېرىكىنىڭ بىر گەۋدىلىشىش مۇساپىسىنى تېزلىتىشنى قوللاپ كەلدى. جۇڭگو تەرەپ لاتىن ئامېرىكا تەرەپ بىلەن بىرلىكتە يېڭى دەۋردە باراۋەر، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، يېڭىلىق يارىتىدىغان، ئوچۇق، ئەلگە نەپ يەتكۈزىدىغان جۇڭگو ـ لاتىن ئامېرىكا مۇناسىۋىتى قۇرۇپ، جۇڭگو ـ لاتىن ئامېرىكا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى خالايدۇ. بولسونارو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بىرازىلىيە بۇ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جەنۇب تەرەپ ئورتاق بازىرىنىڭ نۆۋەتچى رەئىس دۆلەتلىكىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، جەنۇب تەرەپ بازىرى دۆلەتلىرى بىلەن جۇڭگو تەرەپنىڭ سودىنى ئەركىنلەشتۈرۈش، قولايلاشتۇرۇش قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى مۇھاكىمە قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، لاتىن ئامېرىكا ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە پائال رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى خالايدۇ.

سۆھبەتتىن كېيىن، ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى كۆپ تۈردىكى ئىككى تەرەپلىك ھەمكارلىق ھۆججەتلىرىنىڭ ئىمزالىنىشىغا ئورتاق گۇۋاھ بولدى.

زىيارەت مەزگىلىدە، ئىككى دۆلەت يەنە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە بىرازىلىيە فېدېراتسىيە جۇمھۇرىيىتى بىرلەشمە باياناتى»نى ئېلان قىلدى.

سۆھبەتتىن ئىلگىرى، شى جىنپىڭ خەلق سارىيىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى سىرتىدىكى مەيداندا بولسونارو ئۈچۈن قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ياڭ جيېچى، ۋاڭ دۇڭمىڭ، ۋاڭ يى، چېن شياۋگۇاڭ، خې لىفېڭ قاتارلىقلار قاتناشتى.

---

10 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بېيجىڭ سودا يەرمەنكىسى باشلاندى

مۇخبىرىمىز **شى شىن** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، 10 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بېيجىڭ سودا يەرمەنكىسى بېيجىڭ مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمىخانىسىدا باشلاندى، شىنجاڭدىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىن كەلگەن 172 كارخانا كۆرگەزمىگە قاتناشتى، سەككىز چوڭ تۈردىكى 120 نەچچە خىل شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى مەركەزلىك كۆرگەزمە قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، «1 ـ كەسىپنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش»، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك چوڭ رايوندىن يېزا ئىگىلىك كۈچلۈك رايونغا قاراپ چوڭ قەدەم تاشلاپ ئىلگىرىلىمەكتە. مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا توققۇز نۆۋەت ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بېيجىڭ سودا يەرمەنكىسى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى تەشۋىق قىلىش، نامايان قىلىش، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى ئوبوروتىنى جانلاندۇرۇش، شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرى رايونلاردىكى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ سودا ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ قوللىشى ۋە قىزغىن قاتنىشىشى بىلەن، بۇ نۆۋەتلىك سودا يەرمەنكىسىدە چوقۇم مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىشىش، ئورتاق پايدا ئېلىش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

بۇ نۆۋەتلىك سودا يەرمەنكىسىدە «شىنجاڭ ياخشى جاي·خۇش ھىدلىق شىنجاڭ» باش تېما قىلىنىپ، نەق مەيداندا كۆرگەزمە قىلىش بىلەن توردا تونۇشتۇرۇشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش شەكلى قوللىنىلىپ، شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت ئەۋزەللىكى ۋە سۈپەتلىك ماركا ئوبرازى مەركەزلىك تەشۋىق قىلىنىدۇ، كۆرگەزمە قىلىنىدۇ، تونۇشتۇرۇلىدۇ ھەم تۇنجى قېتىم بېيجىڭ سودا چەمبىرىكى، ئايروپورت، پوچتىخانا، مەكتەپ، مەھەللە قاتارلىق جايلاردا شۆبە يەرمەنكە مەيدانى تەسىس قىلىنىدۇ.

باشلىنىش مۇراسىمىدا، شىنجاڭدىكى 16 كارخانا بىلەن بېيجىڭدىكى ئالاقىدار ئورۇنلار ئۇزاق مەزگىللىك سېتىۋېلىش ـ سېتىش كېلىشىمى ئىمزالىدى، شىنجاڭدىكى 49 كارخانا سېتىۋېلىش سودىگەرلىرى بىلەن كېلىشىم ئىمزالاش مۇددىئانامىسى ھاسىل قىلدى، كېلىشىم ئىمزالاش سوممىسىنىڭ 1 مىليارد يۈەندىن ئېشىشى مۆلچەرلەندى.

سودا يەرمەنكىسى مەزگىلىدە، شىنجاڭ يەنە كۆپ مەيدان سۈپەتلىك ماركىلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى مەخسۇس تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزىدۇ.

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇننى ئىككىلىك كودنى سكانىرلاپ كۆرۈڭ